ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى



# يار سوغىسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：阿布力孜·克尤木
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：木拉丁·阿比提


**爱人的礼物**（维吾尔文）
（散文集）
安尼瓦尔·库图鲁克那扎里　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168毫米　32开本　7.625 印张
2005年7月第1版　2005年7月第1次印刷
印数：1—5260

ISBN7—5371—5281—0　　定价：14.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  مۇراددىل ئابىد

# يار سوۋغىسى

(نەسرلەر)

ئاپتورى:  ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 7.625
2005 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5281 — 0
سانى: 1—5260
باھاسى: 14.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# ئاپتوردىن

ھاياتلىق زەنجىرىمنىڭ ئالتۇن ھالقىلىرى قەيەردە، قانداق رەۋىشتە ئۈزۈلىدۇ؟ بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ.

چىن مۇھەببەت، چىن ئېتىقاد بىلەن ياشاش ئىستىكىدە ئوتتۇز تۆت يىلنى ئۇزاتتىم... بۇ يىل «زېمىن يۇتۇپ كەتكەن ئايال»، «چوڭلارنىڭ دەردى قاچان تۈگەيدۇ» دېگەن كىتابلىرىمدىن كېيىن، يازغان «يار سوۋغىسى» دېگەن كىتابىمنى نەشرگە بەردىم. بۇ كىتابىم ياشلارغا، ياشلىق چۇقانلىرى ئۆچۈپ كەتمىگەن كىشىلەرگە ئاتاپ يېزىلدى.

مېنىڭ ئاۋازىم ياشلار ئارىسىدا: ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن پارلاق ئەتىمىزگە قاراۋاتقانلار ئارىسىدا...

ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ كۈننى ئاداققا،
ئەڭ ئاخىرقى نەپەستىمۇ ئويلايمەن.
تۇنجى سۆيگۈ نېمىدېگەن لەززەتلىك،
ۋىسالىغا يېتەلمىگەچ يىغلايمەن.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

سېنىڭ ئاۋازىڭ ................................ 1
ئۈزلۈك كۈيى ................................ 5
پوچتالىيون ................................ 7
سىقىلىش كۈيى ................................ 8
تۇن كېچە — دىلبەر كېچە ................................ 9
تاغ بۇلاقلىرى ................................ 12
جىگدە تۈۋىدە ................................ 15
سۆيگۈ ئۈچۈن ................................ 19
ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر ................................ 23
رەيھان ................................ 29
مەلىكەم ................................ 33
گۇگۇم بالىسى ................................ 37
ئايدىڭ كېچىدە ................................ 39
تاشلاندۇق يۈرەك ................................ 41
مەن ئۆلۈپ كەتسەم ................................ 45
كەچ كۈز لىرىكىسى ................................ 48
بىر سىقىم گازىر ................................ 53
ناخشا ۋە ئۆلۈم ................................ 58
19 ـ مارت ................................ 63
گۈل ۋە تاللار ................................ 72

يېقىن يول ...... 84
مېنىڭ مەكتىپىم ...... 87
ئۇستاز قەسىدىسى ...... 90
سادا ...... 95
ئەقىل ئۇچقۇنلىرى ...... 103
قۇملۇق ...... 108
دەردمەن تۇيغۇ ...... 109
باھار ...... 112
ئاشىق لىرىكىسى ...... 115
دوستلۇق ناخشىسى ...... 124
ئوتۇنچى ...... 127
ئەينەك ...... 132
نان لىرىكىسى ...... 134
بەخت سىمفونىيىسى ...... 136
سۆيگۈگە مەپتۇن بولغان قىز ...... 142
قارگۈلى ...... 154
يورۇق يۇلتۇز ...... 156
تۇيغۇ چېقىنلىرى ...... 158
سۆيگۈ قىسسىسى ...... 173
مەن كېتەي ...... 176
يار سوۋغىسى ...... 178
مەي بالاسى ...... 181
سۆيگۈ پەسلى ...... 183
تۇغۇلغان كۈنۈڭ ...... 186
بۇ — مۇھەببىتىم ...... 188
ياشلىق چۇقانلىرى ...... 192

ئەقىل ئۇچقۇنلىرى ............................ 194
دەسلەپكى كۈنلەر .................................. 208
قۇياش ۋە پادىچى .................................. 213
كۆكلۆل ئىزھارى .................................. 218
ئاشىق نالىسى ..................................... 221
گۈليار .............................................. 223
ئۆلمەس كۈيلەر ................................... 227

# سىنىڭ ئاۋازىڭ

## 1

قاق سەھەردە يېتىپ كەلگەن سىنىڭ ئاۋازىڭ مېنى، بار-
لىق جانلىقلارنى روھلاندۇرغۇچى ئەڭ كۈچلۈك قۇۋۋەت دورىسى-
دۇر، رەببىم.

مەن ئۆيۈمدىن چىققىنىمدا بۇ يولنىڭ زادى قەيەرگە داۋام-
لىشىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيمەن.

كۆرۈپ تۇرۇپسەن! قولۇمدىكى تىرىكچىلىك مەشئىلى سى-
نىڭ ئاۋازىڭ يېتىپ كەلگەندىلا يېقىلغان.

مەن گاھىدا تېز، گاھىدا ئاستا مېڭىپلا قالماي، سەن
تىنچلىق بەرگەن بۇ بىپايان زېمىنىنىڭ ئۆلۈم پۇراقلىرى گۇپۇل-
دەپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان دوقمۇشلىرىنىڭ بىرىدە جىندەك
ئولتۇرۇپ قالىمەن.

مەن قولۇمدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئاسانلا بىر
تەرەپ قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالسام ئىدىم، بۇ دۇنيادا تېخىمۇ
كېرىلىپ ياشىماسمىدىم؟...

## 2

سەن بۇ يولنىڭ قىسقىلىقىنى ئەلچىلەر ئارقىلىق ماڭا
يەتكۈزگەن، قانداق يولدا مېڭىشنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈم
بەلگىلىگەن تەقدىردىمۇ قايسىبىر يول بولمىسۇن مېنى چارچى-
تىپ قويىدىغانلىقىنى، ياشلىق گۈللىرىم توزۇپ، قىرانلىق

دەۋرىم ئۆتۈپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان كونا ئىمارەتتەك زەيلەپ، ئولتۇرۇشۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئاللىبۇرۇن قىياس قىلىپ كۆردۈم.

مەن ساڭا يۈزلەنگەن پېتىم سەپىرىمنى غەم - ئەندىشىسىز داۋام قىلالايمەن.

سەن مېنى نازارەت قىلىپ تۇرغان مۇشۇ مىنۇتلاردىمۇ سېنى كۆرەلمەيمەن. يۈرىكىم ساڭا باغلانغان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر- دە ئۆزۈمنى جاھاندا بىر چاغلاپ يۈرىمەن.

## 3

ئۇلار ھەق - ناھەق ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ ئۆمۈر بوستانىنى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

مەن سېنىڭ ئاۋازىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانغا قەدەر بىر مەۋجۇت گەۋدە سۈپىتىدە ئالىي ھاياتلىقنى قوغداشقا بەل باغلىغانمەن.

ئۇلار مېنى ئۆز دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشقا كۆندۈرمەكچى بولىدۇ - يۇ، سۇر - ھەيۋەمدىن چۆچۈپ ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلاردەك تەرەپ - تەرەپكە پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىمايلا كۆزۈمدىن غايىب بولىدۇ.

بۇ تاغلار، بۇ يېشىللىقلار سېنىڭ ئاۋازىڭ بىلەن كۈچلىنىدۇ. بۇ يەر چىن مۇھەببەت سەپىرى قىلغان ئاشىق - مەشۇقلار- نىڭ جەننىتى...

مەن تاغ - داۋانلار ئېشىپ، دەريالار كېچىپ تىنچلىق گۈللىرىنى پۈلاڭلاتقىنىمچە يېتىپ كېلىمەن.

## 4

سېنىڭ ئاۋازىڭ تۈمەن مىڭ ناۋا - كۈيلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆزگىچە ھەم ئۈزۈلمەس سادا سۈپىتىدە قەدىرلىكتۇر.

سەن بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئاللىبۇرۇن تۈگەتكەن؛

ئاۋاتلىقىم بىلەن نامراتلىقىمنى؛ ماسلىقىم بىلەن ناباپلىقىمنى ماڭا بارا ـ بارا ھېس قىلدۇرغان تەقدىرىدىمۇ دۇنيادىن ئىبارەت بۇ بىشەم ئايال ماڭا يول بەرمەيدۇ.

سەن ئۇچۇن ھەممە ئىشىكلەر ئوچۇق، مەن پەقەت بېشىمنى تىقىۋالغۇچىلىكلا يوچۇق بىلەن قانائەتلىنىمەن.

ئەجىبا، ئۇلار مېنىڭ شېئىرلىرىمدىن پۇتۇنلەي خەۋەرسىز مىكىنە؟!

مېنىڭ يولبويى ئەتراپقا قاراپ مېڭىشىم بۇ ئالەمگە قانماي كېتىۋاتقانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت بىلەن ياشاشنى بىلگەنلىكىم، تىنچلىق دەۋاسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىمدىن.

## 5

سېنىڭ ئاۋازىڭ ماڭا كۈچ ـ قۇدرەت بەخش ئەتتى.

مەن ئەرلىك كوچىسىدا دولامنى چىقىرىپ، باشقىلارغا ئەگەشكەنچە كېتىپ قالىدىغان لايغەزەللەردىن ئەمەس. مېنىڭ ئىدىيەم، مېنىڭ دەۋىتىم تىنچلىق ۋە گۈللىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان! ئۇلار بۇ ئەتراپتا ياشىغان، ماڭا، ساڭا ۋە باشقىلارغا يېقىن جايلارغا ماكانلاشقان تەقدىرىدىمۇ بۇ بىپايان زېمىننىڭ ھاۋاسىنى ئەكېتەلمەيدۇ.

سېنىڭ ئاۋازىڭ ماڭا ھۆرلۈك، چىدام ۋە يول بېرىدۇ، مەن تالاي ـ تالاي تەۋەككۈلچىلەرنى ئۇچراتتىم. بۇ ھاياتتا، بۇ مۇھەببەت ئىشىدا يەنىلا دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان بولدى.

بىلمىدىم، كىم ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ؟ كىم مېنى يارىماسلار قاتارىغا چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ؟…

بۇ چۈش باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مېنىڭ رېئاللىقىم، كەچۈرمىشلىرىمنىڭ بىر قىسمى. چوغ سورىغانغا چوغ بەرسەم، ئوت سورىغانغا ئوت بەرسەم، يول سورىغانغا يول بەرسەم، پۇل



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سورىغانغا پۇل، ئاش سورىغانغا ئاش بەرسەم، يەنە مەن ئەسكى-
مۇ؟! يەنە مەن قىتىغۇرمۇ؟...

## 6

سىنىڭ ئاۋازىڭ يىراق - يىراقلاردا ياڭرايدۇ.
مەن ھاياتلىق ئىپتىزىمنى ئىجاد مېۋىلىرى بىلەن ئاۋاتلاشتۇ-
رىمەن.
يول بويىدىكى ئىمارەتتە ئولتۇرۇۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن
ئاشتى. تالاي سەپەرچى بىلەن مۇڭداشتىم. راست، بۇنىڭلىق
بىلەن دۇنيانىڭ پارىڭى تۈگەپ قالامدۇ؟...
سەن سورىما، مەن سۆزلىمەي.
مېنى، يەنە ئۆيقۇ باستى، رەببىم.

# ئۆزلۈك كۈيى

## 1

ماڭا كۆڭۈل بەرگىنىڭ راست بولسا، يەنە نېمىگە تارتىنىپ ئولتۇرىسەن پەرىشتەم؟

بۇ ھايات، بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيا بىزگە زېرىكىشلىك ئەس-لىمىلەرنى قالدۇرۇش پۇرسىتى بەرگۈچە، مۇھەببەتلىشىپ ئۆ-تەيلى.

كەل، مېنىڭ كۆڭۈل قۇشۇمنى يۈرەك شاخلىرىغا قوندۇ-رۇۋالغان چىرايلىق قىز!

كەل، مېنىڭ شېئىرلىرىمغا رىتىم بەخش ئەتكەن ساھىبجا-مال!

بۇ يېشىللىق، بۇ دالا بىزگە قاراپ قول پۇلاڭلاتقىنىنىغا نېكەم!

مەن ياشلىق سازىنى تىرىڭلىتىپ ئولتۇرىدىغان ئەزمە ساز-چى ئەمەس! كەل، ئەڭ شوخ پەدىلىرىمگە لەرزان ھەمدە جۇش-قۇن ئۇسسۇللىرىڭ بىلەن گۈل چەك!

مېنىڭ سېنى تاللىشىم — ساڭا بولغان مۇھەببىتىمدىن، مېنىڭ ساڭا باتنىشىم — ساڭا بولغان ئامراقلىقىمدىن! بۇ سۆيگۈ، بۇ ئوت بىزنى تاۋلايدۇ، ئامرىقىم.

## 2

بىز ياش، بىز مۇھەببەتلەشكەن بىر جۈپ! شۇڭا كوچىغا پاتماي كېلىمىز.

قارا، قۇياش ئۆز نۇرىنى ھەر سەھەر جاھانغا سېپىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ غەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالمايدۇ.

مەن سېنى بىر خىل ئىشەنچ، بىر خىل خاتىرجەملىك بىلەن سۆيىمەن، بۇ دۇنيا بىزنىڭ پاك مۇھەببىتىمىز بىلەن ياشىرىدۇ. سەن نېمىشقا پورەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان نىكاھ گۇللىرىنى بىرگە پۇرايلى دېسەم، بويۇن تولغايدىغانسەن؟!...

## 3

مەن — كىتاب، مەن — ھاۋا...

سەن ھاياتلىقنىڭ دەستە ـ دەستە خۇشاللىقلىرىنى غەم ـ قايغۇغا تېگىشمەكچىمۇ؟ بۇ دۇنيادا ئۇجمە كۆچۈل ئادەملەردىن قايسى بىرى قان قۇسۇپ ئۆلمىدى؟!...

سەن باشقىلار ماڭغان يولدا ماڭما، ئامرىقىم!

سەن مېنىڭ كۇيلىرىمدە جۇلالاپ تۇرغان ئالماسسەن. سېنى ئۇزۇكۇمگە كۆز بولىدۇ دەپ يۇرگەنلىرىم بۇگۇن ھېچنېمىگە دال بولالماسمۇ؟!...

ئۇنىڭ پۇلى، ئىجتىمائىي ئورنى سېنى مەست قىلمىسۇن! ئامرىقىم، ۋاپا دەرىخىگە پالتا چاپقۇچى بولۇپ قېلىشىڭدىن بەك قورقىمەن. مەن مەرد، مەن دېگەن يىگىت! ئۇ بېرەر، ھەممىنى بېرەر، لېكىن ساڭا كۆچۈل بېرەلمەس! گۇلنى پۇراشقا، ئۆستۇرۇشكە ھېرىسمەن ئادەم بىلەن گۇل سېتىۋالغۇچىنىڭ قايسى مۇھىم؟ قايسى ئىشەنچلىك؟

سەن مۇھەببەتنى مېنى چاقىدىغان يىلانغا ئايلاندۇرماقچىمۇ؟!...

# پوچتالىيون

يولۇڭغا قاراپ سارالڭ بولاي دېدىم، پوچتالىيون!
سەن ئۆتكەن ئايدىكىنى قوشقاندا توپتوغرا 100 پارچە خېتىمنى دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە، جاندىن ئەزىز، بالدىن ئەزىز مۇھەببىتىمگە يەتكۈزدۈڭ، پوچتالىيون.
سەن ئەتىگىچە ماڭا ئۇلارنىڭ بىر پارچە خېتىنىمۇ يەتكۈزۈپ بېرەلمىسەڭ، غەم ـ ئەندىشىدىن باش كۆتۈرەلمەي بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن.
سەن، مېنى تولا تىت ـ تىت قىلماي، پاتراق كەلسەڭچۇ، پوچتالىيون!
سەن، تالاي ئىشىكلەرگە دوقۇرۇپ، مىڭ بىر ئادەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ قاش قارايغاندا بىز تەرەپكە ئۆتىدىغان ناچار ئادىتىڭنى قاچانمۇ تاشلارسەن، پوچتالىيون! ؟...

# سىقىلىش كويى

ئەتىيازنىڭ سوغۇق، نەمخۇش هاۋاسى دۇمبەمنى قورۇشقا باشلىغاندا، بۇرۇنقى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ كۆڭلۈم يەنە بۇزۇلدى.

— شەھەر بولامدۇ بۇ؟ ھەممىلا يېرىگە قويۇق قارا يۇندا چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان، قار دۆۋىلىرىنىڭ ئاندا - ساندا قالدۇقلىرىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشماي قالمايدىغان، تەرەپ - تەرەپتىن گۇپۇلدەپ بىرخىل سېسىق پۇراق كېلىپ تۇرىدىغان بۇ يەر.

مەن قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى زادى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي قالغان ئادەم بولمىسامۇ، بىنا ۋە ماشىنا، يەنە ئىس - تۈتەك دۇنياسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەي دېگەن نىيەتتە بىر ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ ئۇ بېشىدىن كىرىپ، بۇ بېشىدىن چىقىپ كەتتىم. مەن ئادەمزات ئاياغ باسمىغان ئوچۇقچىلىققا چىققاندىلا، ئاندىن تەبىئەت ئالدىدىكى جىنايىتىمىزنىڭ قايسى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

# تۈن كېچە — دىلبەر كېچە

سەن ئۇ قىتئەدىن بۇ قىتئەگە ئۇچۇپ پاك مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىلدىڭ ... شۇ كۈنى كېچىسى ئىككىمىز جاھاندىن خالىي بىر تۈننى زادى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە خېلى بىر ھازاغىچە مەسلىھەتلەشتۇق. سەن مېنى پاكلىقىڭ ۋە ئەخلاقىڭ بىلەن قايىل قىلدىڭ!

مېنىڭ تۈن كېچىدىكى كەچۈرمىشىم ئىلگىرى باشقىچىرەك بولغان! ئۇ يىللىرى مەن كۆپرەك سىرتلاردا يۈرۈپ ياتقىمغا كەچ قايتىشقا ئادەتلەنگەنىدىم. سەن بولساڭ مېنىڭ ئاشۇ چاغلاردا خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغان ئىدىڭ. بۇ تەقدىرنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ بىلمىدىم، مەن تۈگەشكەندە — ئەخلاقنى ۋەيران قىلىشىم ئاخىرقى باسقۇچقا باراي دەپ قالغاندا ساڭا ئۇچرىدىم. ئېھتىمال، سېنىڭدەك گۈزەل ھەم لاتاپەتلىك بىر قىزنىڭ مېنىڭدەك شاللاق ئەرگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشى بىرخىل ئۇقۇشماسلىقتۇر. ئەجىبا، مەن سېنى يەنە ئالدامدىم؟ ۋىجدانىمغا خىلاپ ھالدا دەپسەندە قىلامدىم؟

مۇھەببىتىمنىڭ غازاڭ پەسلىدە يولۇققان ئامرىقىم! ئوبدان ئويلاپ كۆر! ئىككىمىز بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىغا ئازاب قوشمايلى. مەندە سەن ئىنتىزار بولغان ھېسسىيات يېتىپ ئاشقۇچە بار، لېكىن بۇنىڭلىق تۈپەيلى سېنى بىر ئۆمۈر سۆيەلەيمەن دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن.

ئامرىقىم! تۈن ئۆز قاراڭغۇلۇقى بىلەن بىزنى ھىمايە قىلسىمۇ، پاكلىقنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلايلى. سەن نازاك-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com